# شى جىنپىڭ بېنگال دۆلىتىنىڭ «دۆلەت ئاتىسى» مۇجىبۇر راخمان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە مۇستەقىل بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى يۈزىسىدىن سىنلىق سۆز قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 50 يىل ئىلگىرى، مۇجىبۇر راخمان ئەپەندى ئۆز قولى بىلەن بېنگال خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىناس دوستى، ياخشى دوستى، جۇڭگودا ئىككى قېتىم زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگونىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتقان. بىز پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ جۇڭگو - بېنگال مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو - بېنگال دوستلۇقىنىڭ كۈچ ئۇلاش تايىقىنى ياخشى يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بېنگال مۇستەقىل بولغان 50 يىلدىن بۇيان، دۆلەت قۇرۇش يولىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. دوستانە قوشنا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ناھايىتى خۇشال بولدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن بېنگال دۆلىتى قەدىمدىن تارتىپ دوستانە قوشنا، قەدىمىي يىپەك يولى ئىككى دۆلەتنىڭ مىڭ يىللىق دوستلۇقىغا گۇۋاھ بولغان. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 46 يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، باراۋەر مۇئامىلىدە بولدى، ئۆزئارا قوللاپ، قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ھازىر، جۇڭگو بىلەن بېنگال گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى بىلەن «ئالتۇن بېنگال» ئارزۇسى بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ، جۇڭگو بىلەن بېنگالنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقى ئىككى دۆلەت خەلقىگە ھەقىقىي بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئىككى دۆلەت ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، ئۆزئارا ياردەم بەردى، جۇڭگو كارخانىلىرى قۇرۇشقا قاتناشقان بېنگال تەرەپنىڭ مۇھىم، زور تۈرلىرىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، بېنگالنىڭ %97 باج تۈرىدىكى تاۋارلىرى جۇڭگوغا كىرگۈزۈلسە تاموژنا بېجى ئالماسلىق ئىمتىيازى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەن جۇڭگو - بېنگال مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، بېنگال تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو - بېنگال ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشنى خالايمەن. بېنگالنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، خەلقىنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم بولۇشىغا تىلەكداشمەن. جۇڭگو - بېنگال ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، مەڭگۈ ياشنىشىغا تىلەكداشمەن!

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يولغا قويۇش چارىسىنى بېسىپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، «داۋالىنىش بىلەن كۈتۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈش»كە پائال تۈرتكە بولۇپ، ياشانغانلار كۈتۈنۈش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى دۆلەتنىڭ قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، مەركەز خامچوتى ئىچىدە جەمئىي 470 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 96 ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تۈرىنى قوللىدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك مەخسۇس قەرز مەبلىغىدىن 550 مىليون يۈەننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى بەينياۋخۇ داۋالىنىش، ساغلاملىق - كۈتۈنۈش مەركىزى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 7 - دوختۇرخانا جىنچيۈۋەن پاراۋانلىق باغچە رايونى داۋالىنىش، ساغلاملىق - كۈتۈنۈش مەركىزى تۈر قۇرۇلۇشىنى قوللىدى.

جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش، ياشانغانلار كۈتۈنۈش كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭدىكى شەھەرلەر بىلەن كارخانىلار بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق ياشانغانلار كۈتۈنۈش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قوزغىتىپ، مەركەز خامچوتى ئىچىدە 10 مىليون 760 مىڭ يۈەن سېلىنمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سانجى خوۋدې ساغلاملىق - كۈتۈنۈش ماكانى ۋە سانجى شەھىرى دۆڭجىڭفۇلې پەرۋىش قىلىش ساناتورىيەسىنىڭ «داۋالىنىش بىلەن كۈتۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇش تۈرىنى قوللاپ، «داۋالىنىش - كۈتۈنۈش» مۇلازىمەت تەمىناتىنى ئۈنۈملۈك كۆپەيتىپ، ياشانغانلار توپىنىڭ «داۋالىنىش - كۈتۈنۈش»كە بولغان مۇلازىمەت ئېھتىياجىنى تەدرىجىي قاندۇردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۆگۈر ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چې خېڭ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل بىز يەنە ناھىيە، يېزا، كەنت، گورۇپپا تۆت دەرىجىنى قاپلىغان قىزىل تەربىيە ئەمەلىيىتى پونكىت - نۇقتىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، تىرىشىپ قىزىل گېنغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، قىزىل ئەنئەنىنى ياخشى ئەۋج ئالدۇرىمىز».

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ بوستان تېرەك يېزىسى دۆلەتبۇلاق كەنتىنىڭ كەنت تارىخى سارىيىدا تەگنە، ياغاچ قاچا، كىرسىن چىراغ قاتارلىق كونا بۇيۇملار، ئايالالار رەخت توقۇۋاتقان رەسىم، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ كونا قىياپىتى قاتارلىق كونا سۈرەتلەر دۆلەتبۇلاق كەنتىدە پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى كەنتتىكى 20 نەچچە پارتىيەلىك كادىرنى كەنت تارىخى سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەپ، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ كەنت پارتىيە ئەزالىرى، ئوقۇغۇچىلار، ئاممىنى كەنت تارىخى سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەش ئارقىلىق، ئۇلارنى ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنى سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنى ئەسلەپ، راھەت - پاراغەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا، ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئېتىقادىنى چىڭىتىشقا يېتەكلىدى.

«كەنت تارىخى سارىيى پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى كۆزلەش ئەسلىي مەقسىتىگە گۇۋاھ بولۇپ، پۈتۈن كەنتتىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملىدى» دېدى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى، 1 - شۇجى ياڭ خېيشيا.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، فۇكاڭ شەھىرى بوفېڭ خۇگمبې خور ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بالدۇرلا «مىكرو ناخشىخانا»غا كېلىپ قىزىل ناخشىلارنى مەشىق قىلدى. «بۇ يىل پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، بىز قىزىل ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، ھەربىر ئاھالىنىڭ قەلبىگىچە يەتكۈزىمىز» دېدى خور ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى جېڭ يوۋدى.

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، فۇكاڭ شەھىرى بوفېڭ كوچا باشقارمىسى مەھەللىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - ئامما مۇلازىمەت مەركىزى ۋە يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پونكىتىدىن پايدىلىنىپ، مىكرو پارتىيە دەرسى، مىكرو ناخشىخانا، مىكرو كىتابخانا، مىكرو كىنوخانىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك «مىكرو مۇلازىمەت»نى پائال قانات يايدۇرۇپ، «پارتىيەگە كىرىشتىكى ئەسلىي مەقسەت»نى سۆزلەش، «قىزىل كىنو» كۆرۈش، «ئىنقىلابىي ناخشا» ئېيتىش، «پارتىيە تارىخىغا ئائىت كىتابلار»نى ئوقۇش قاتارلىق كىشىلەر ياقتۇرىدىغان شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، كۇچا شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر كوچا باشقارمىسىدا، «جىنگاڭچۈەن» ناملىق كىنو قويۇلۇۋاتاتتى، فىلىمدە پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ دۈشمەن بىلەن ئارمىيەمىز ئوتتۇرىسىدا كۈچ پەرقى زور بولغان ئەھۋالدا، قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى ئارقىلىق قەيسەرلىك بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانلىقىدەك قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان. مەھەللىدىكى پېنسىيەگە چىققان كادىر رەيھانگۈل ئوسمان مۇنداق دېدى: «كىنونى كۆرگەندىن كېيىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەھەللە مۇلازىمىتى تەشۋىقات خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، مەھەللىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

«پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئەسلىي مەقسەتنى ئەسلەش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش» كىنو پارتىيە دەرسى پائالىيىتى كۇچا شەھىرى قانات يايدۇرغان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى ۋە پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى، كۇچا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ئالدىن پىلانلاپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» «جىنگاڭچۈەن» «قىزىل يۇلتۇز جۇڭگونى نۇرلاندۇردى» «جوۋ ئېنلەينىڭ يەنئەنگە قايتىشى» قاتارلىق دەۋر ئاساسىي مېلودىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى فىلىملىرىنى مەركەزلىك زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىپ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى يېزا (بازار)، كوچا باشقارمىسى، مەكتەپ، كارخانا، ئورگان، ئىدارە، پاراۋانلىق ئورنى، ھەربىي گازارمىدا سەييارە قويىدى.

ھازىر، كۇچا شەھىرى 300 مەيداندىن كۆپرەك كىنو پارتىيە دەرسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، تەربىيە ئالغان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەككە يەتتى.

**(مۇخبىر شيا چېڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ياڭ پېڭ، لىن خەي، لى جياجۈن، ۋاڭ لۇجياڭ، ياڭ بىڭ)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك مۇستەھكەملىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام خىزمىتى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، شىنجاڭدا جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن، ھەسسىلەپ قەدىرلەش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 3 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەتلەرگە كۈچ سەرپ قىلىش، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تەدبىرلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۇزاققىچە سىجىل مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، دىنىي پەن ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى ئاچقۇچ قىلىپ، دىن ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىشنى تىرەك قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كاپالەت قىلىپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئورنىنى توغرا تېپىپ، تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قوزغىتىپ، قەتئىي تۈردە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلق تۇرمۇشى مەنپەئەتىنى كۆپرەك كۆزلەپ، خەلق تۇرمۇشى غېمىنى كۆپرەك ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئورتاق بېيىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. «بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ۋاڭ زوئەن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شى جۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەمراھ بولدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتارلىقلار ئالاقىدار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرى ياكى سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

2019 - يىلى 5 - ئايدا، قەشقەر جاۋخۇا ئەقلىي ئىقتىدارلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇنجى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى چېن شېڭجىننىڭ بىلدۈرۈشىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى تېخىمۇ كۆپ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش - يۆلەش، شېنجېن كەسپلەر باغچىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۈچۈر كەسپ بازىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەشتەك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئاقساراي يېزىسى ئۈزۈمئېرىق كەنتىگە بارغاندا، شېرىن ھىد دىماققا ئۇرۇلىدۇ. شېكەر قىيامى زاۋۇتى، كەمپۈت زاۋۇتى، پېچىنە - پىرەنىك زاۋۇتى قاتارلىق نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتلىرى كەنتتىكى «شېرىن كەسپ»نى بەرپا قىلغانىدى.

ئۈزۈمئېرىق كەنتىدىكى بارلىق ئاھالىلەرنىڭ قەلبىنى شېرىن ھېسلارغا تولدۇرغىنى شۇكى، 2018 - يىلى كەنتتە سوقماق ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ياشلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، تاپىدىغان پۇلى بار بولدى. ھازىر، كەنتتە 16 زاۋۇت، 28 يەككە سودا - سانائەتچى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىپ، 260تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسىدىن ئۈزۈمئېرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى ئورازئالى قاشقارباي مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈزۈمئېرىق كەنتىدە كىشى بېشىغا ئاران يېرىم مو يەر توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئېغىر نامرات كەنت ئىدى. 2017 - يىلى، پۈتۈن كەنتنىڭ كەسپ تەرەققىياتى «نۆل»، كەنتنىڭ كوللېكتىپ كىرىمى «نۆل» بولغانىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سانائەت بولمىسا بولمايتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نۇرغۇن كەنت ئۈزۈمئېرىق كەنتىگە ئوخشاش نوقۇل دېھقانچىلىق كەنتىگە تەۋە. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، زامانىۋى سانائەت بۇ جايىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، نامراتلىقتىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى ئاچتى. بەزى نامرات ناھىيەلەردە «ناھىيەدە كەسپلەر باغچە رايونى بولۇش، يېزىلاردا نامراتلارنى يۆلەش سېخى بولۇش، كەنتلەردە كەنت قۇرغان زاۋۇت بولۇش، ئائىلەلەردە كىچىك ھۈنەرخانا بولۇش»تىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك كەسپ قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ، 10 مىڭدەك كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

گۇما ناھىيەسى رەقەملىك ئىقتىساد كەسپلەر باغچە رايونىدا، قىزغىن رىياسەتچى مال تونۇشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى؛ شېنجېن - قەشقەر زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپلەر ئۆلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا، يېڭى «ھاياتلىق» بارلىققا كەلمەكتە ئىدى... تۇرمۇشنى، قىياپەتنى ئۆزگەرتىدىغان بىر خىل قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئويغىتىپ، بۇ قەدىمىي تۇپراقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

دۆلەتنىڭ كەسپلەر سىياستى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سىياستىدىن پايدىلىنىپ، رايون ئەھۋالى ئەمەلىيىتى ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەللىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشەنچى تولۇپ تاشتى. زامانىۋى سانائەت «باشلامچىلىرى» ھەرىكەتكە كېلىپ، نوقۇل ھالدىكى كەسپلەر تەرەققىيات يولىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا 1 - ، 2 - ، 3 - كەسپنىڭ تەڭ ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا ئاساس سالدى.

## چىن ھېسسىيات بىلەن ياردەم بېرىپ - يۆلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش

باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا بارغان قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ توققۇزاق بازىرى ئاياغمەنگەن كەنتىدە، كەنت ئاھالىلىرى كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەك تېز بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا كەنتتىكى خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ــــ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى ھەم قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مەملىكەت بويىچە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي كۈچ سەرپ قىلىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن تارىم دەرياسى بويىغىچە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن تۇرپان ئويمانلىقىغىچە، خوتەن - قاراقاش - لوپ بوستانلىقىدىن ئالتاي ياپىلىقىغىچە؛ ئورگان، ئىدارىلەردىن ئاساسىي قاتلامدىكى يېزا - كەنتلەرگىچە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ قوماندانلىق ئىشتابلىرىدىن شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغىچە، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدىن مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش كارخانىلىرىغىچە... مىليونلىغان «نامراتلارنى يۆلىگۈچى»لەر پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

2016 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، كەسپلەر ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغى تۈرىدە ئېغىر نامرات ناھىيەلەر، نامرات كەنتلەر، نامرات ئاممىغا مايىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇلدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر نىشانلىق ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇقنى يولغا قويدى.

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشتىكى ئۈنۈملۈك يول قىلىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش قاتارلىق ئەمگەك كۆپ جۇغلانغان كارخانىلارغا قارىتا دائىملىق سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شەندۇڭ رۇيى، چىڭداۋ جىفا، زىبو چىخۇا كىيىم تىككۈچىلىكى قاتارلىق ماكانلاشقان كارخانىلارنىڭ سىجىل تۈر تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بەردى، زوۋ چېڭ گوشېڭ كىيىم - كېچەك پىششىقلاش، جىنشىڭ توقۇمىچىلىقى، سىنما كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى، شەندۇڭ شۇيفا، دۇڭيىڭ لەنگۋاڭ ئېلېكترونى قاتارلىق تۈرلەرنى كىرگۈزۈپ ماكانلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى، زوۋ چېڭ گوشېڭ كىيىم - كېچەك پىششىقلاش تۈرىلا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 1500دىن ئارتۇق نامرات نوپۇسنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

## پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى

خەلقنىڭ ئېھتىياجى ھۆكۈمەتنىڭ نىشانى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، قىياپىتى يېڭىلاندى، روھىي كۆتۈرەڭگۈ بولدى. قاراڭ ــــ

قاتار - قاتار ئەمىن ئۆيلەر پاكىز ۋە يورۇق بولۇپ، ھويلىلاردا تۇرمۇش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقتىن ئىبارەت «ئۈچ رايون» ئايرىلدى، ئۆيلەرگە سۇ، توك، پار تولۇق سەپلەندى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ نامرات ئاممىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈردى، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 584 مىڭ 900 نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ھەربىر نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئىشلەپچىقىرىش جانلاندى، مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولغان پۇقرالار كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار بولماقتا. ئاپتونوم رايون دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات ناھىيەلەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، 2018 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن 227 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويدى.

ئاشۇ قاتار - قاتار يېزا - كەنت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى، يورۇق سىنىپلارغا زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق سەپلەندى؛ سولياۋ ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن تەنتەربىيە مەيدانىدا باللار چېپىشىپ قوغلىشىپ ئويناۋاتاتتى.

چىرا ناھىيەسى چىرا يېزىسى توپا ئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇردىنىياز زاكىرنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە، ھويلىنىڭ شەرقىي بېشىدىكى يېڭى ئۆي پۈتكەن بولۇپ، ھويلىنىڭ جەنۇبىدىكى باقمىچىلىق رايونىدا 30 نەچچە كالا يەم يەۋاتاتتى، باش باھارنىڭ قۇياش نۇرى پۈتۈن ھويلىنى ئىللىتاندى، تېخىمۇ ئىللىق بولغىنى ئۇنىڭ تەبەسسۇمى ئىدى، «ئىلگىرى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىرنەچچە مو ئۇنۇمسىز يەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق. 2017 - يىلى، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن، مەن ئاز سوممىلىق نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىغا تۆت موزاي سېتىۋالدىم، تۇنجى يىلى 30 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل تاپتىم. ھازىر ئۆيىمىزدە 30 نەچچە كالا بار، مۆلچەرىمچە، بۇ كالىلارنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 500 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا».

«ئىلگىرى بالام كىچىك بولغاچقا سىرتقا چىقىپ ئىشلىيەلمىگەنىدىم، ھازىر ياخشى بولدى، كەنتتە ئىشچى بولدۇم، يەنە تېخنىكا ئۆگىنىۋالدىم.» ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىي مەشىق بازىسىدىكى بىر ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ھۆردگۈل تۇرسۇننىڭ ئائىلىسى نۇرغۇن ئاممىنىڭ قەلبىدىكى بەخت تۇيغۇسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسىنى نامايان قىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسى خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى، روھىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، پۇقرالارنىڭ «ھەمىيىنى» بارغانسېرى تومپايدى، كۆڭلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى، كەيپىياتى بارغانسېرى ئازادە بولدى، چېھرىدە بارغانسېرى كۈلكە جىلۋىلەندى.

قاتار - قاتار كەتكەن «تۆتتە ياخشى يېزا يولى»، يورۇق يول چىراغلىرى، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۆپتىك تالالار يېزا - كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇلۇپ، خەلق قەلبىنى يورۇتتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا تۇتىشىدىغان يوللىرى ئېچىلدى.

چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىدىغان بولدى، چىرايلىق گىرىم قىلىدىغان بولدى، كىتاب ئوقۇغان جاراڭلىق ئاۋازلار ياڭراپ تۇردى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغانلار ھەرىكەتكە كەلدى، تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا بېرىش - كېلىش كۆپەيدى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى، شادىمان ناخشا - ئۇسسۇللار ئەۋجىگە چىقتى. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆزگەردى، ئۆزگىرىش يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە نامايان بولدى، ئۆزگىرىش كىشىلەرنىڭ تەبەسسۇمىدا نامايان بولدى، ئۆزگىرىش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا نامايان بولدى.